# مېنىڭ سىرداش دوستۇم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ھەر كۈنى ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋىتىر نامىزى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلدى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ سىرداش دوستۇم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ھەر كۈنى ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋىتىر نامىزى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىس شەرىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچ ئالى يولىيورىقىنى ئۆزئىچىگە ئالغان بىرىنچى: ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشقا قىزىقتۇرۇش، چۈنكى ياخشىلىقنىڭ ساۋابى10ھەسسە بولىدۇ، ئۈچ كۈن روزا تۇتقانلىق ئوتتۇز كۈنگە باراۋەردۇر. ھەدىستە كۆرستىلگەندەك ئاينىڭ13-14-15 كۈنلىرىدە تۇتۇلغان روزا ياخشىدۇر. ئىككىنچى: چاشگاھ نامىزى ئوقۇش. خۇسۇسەن كېچىدىكى نامازنى ئوقۇيالمايدىغانلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئەڭ ئىزى ئىككى رەكئەتتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرەگە ئوخشاش، ئۇ كىشى كېچىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى كۈن نۇرى يەرنى قىزىتقان ۋاقتىدۇر. ئۈچىنجى: كېچىسى تۇرۇپ ناماز ئوقۇمايدىغان كىشى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ۋىتىر ئوقۇپ يېتىشى كېرەك

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4538